شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
16
پەيشەنبە
维吾尔文 1月16日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24942 - سان بۈگۈن 4 بەت

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمىنىڭ تەرەققىيات يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئاچايلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشىردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 11 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

**(2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 133 ئەزاسى قاتناشتى، 246 ئادەم سىرتتىن قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئومۇمىي يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 2019 - يىللىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، 2020 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يولداش جاۋ لېجىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

ئومۇمىي يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈلدى. بىردەك مۇنداق قارالدى: سۆزدە «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى چوڭقۇر يەكۈنلىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى، ئۇنۇملۇك تۈزۈمى چوڭقۇر ئىزاھلىنىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىشتا جەزمەن «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرايلى

**— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا**

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن پەزىلىتى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. پەقەت تىرىشىپ كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ئۆزىدىن ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھاياتىي كۈچ قوشقىلى بولىدۇ.

19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى «ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش»نىڭ مۇھىم تەجرىبىلىرىنى يۈكسەك يىغىنچاقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى، تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىر مەيدان ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمىشە بىر ئۇزاق تارىخىي جەريانغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. پارتىيە تارىخقا نەزەر سالساق، دەل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەچكە، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلغاچقا، ئۈزلۈكسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى —

# قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىزچىل تۈردە قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

### سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش

خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شيەنجۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، تارىخىي دەۋرىيلىكتىن چىقىپ كېتەلەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك يولنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ھوقۇق نازارەتچىلىكى تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ 2020 - يىللىق 1 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، ئۆگىنىشتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 80 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 80 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسى (لايىھە)»نى تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

بىزنىڭ بايرىمىمىز . چاغاننى خۇشال كۈتۈۋېلىش

# پۈتۈن شىنجاڭدا 400دىن كۆپرەك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتى ئارقىلىق چاغان تەبرىكلىنىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، كاتتا چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بايرام مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت - ساياھەت تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارماقلىرى 400دىن كۆپرەك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرىدىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



**1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، كۇچا شەھىرىنىڭ ئاھالىسى بازاردا پانۇس سېتىۋالماقتا. چاغان يېتىپ كېلەي دېدى، كۇچا شەھىرىنىڭ ھەممىلا يېرى قويۇق چاغان پۇرىقىغا تولدى. □ نىياز راخمان فوتوسى**

# مەمەتئېزىز سەھنىدە بەختىنى تاپتى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

**□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى لى شىڭ، شىي خۇيبىيەن**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، لوپ ناھىيە بازىرىدىكى كەچلىك بازاردا، ھورى چىقىپ تۇرغان زاسۇيتاڭ، كاۋاپدانىدا پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپ، قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان ھەم تاتلىق، ھەم يۇمشاق تاڭزۇڭزىلار... ئېسىل تائاملارنىڭ مەززىلىك ھىدىدە، كەچلىك بازار پۇقرالار چوك سەھنىسىدىكى قىزغىن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، لوپ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى بۇ يەردە ئويۇن قويۇۋاتاتتى. سەھنە ئوتتۇرىسىدا، مەمەتئېزىز ئەمەرجان ۋە باشقا ئارتىسلار شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، يەرنى تېپىپ، چۆرگۈلەپ، مۇرىسىنى ئېتىپ ئوينىغان نەپىس ئۇسسۇللار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئويۇن ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، مۇخبىرلار مەمەتئېزىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ «بەك ياخشى ئوينىدىڭىز!» دېدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار تەربىيەلەندى خەلق ئاممىسى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى

**— ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنۇبىرسال بايان**

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

**□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى جاۋ جيۈن**

«يوللار تۇتاشتۇرۇلدى» «خىزمەت تاپتىم» «يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق» «مۇھىت ياخشىلاندى»... ئالتۇن لوڭقا، كۈمۈش لوڭقىمۇ پۇقرالارنىڭ ماختىشىغا يەتمەيدۇ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئەمەلىي بولغان زور بىر تۈركۈم پايدا - مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)